شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 5 - ئاي
21
پەيشەنبە
维吾尔文 5 月21日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى
新疆日报网：www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65—0002/—W مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى:

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25068 - سان بۈگۈن 4 بەت

شى جىنپىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىرما زۇڭتۇڭى، باڭلادىش زۇڭلىسى بىلەن تېلېفونلاشتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تېلېگراممىسى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى كەچتە بىرما زۇڭتۇڭى ۋىن مىن بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگودا يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈز بەرگەندىن كېيىن، بىرما ھۆكۈمىتى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەر جۇڭگو تەرەپكە ياردەم قولىنى سۇندى. بىرمىدىكى يۇقۇم كۆڭۈلمىزنى ئەندىشىگە سالدى. جۇڭگو تەرەپ بىرما تەرەپكە كۆپ قېتىم يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرىنى ئىئانە قىلدى ھەم ئىككى تۈركۈم داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنى بىرمىدىكى تېببىي خادىملار بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلىشقا ئەۋەتتى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شى جىنپىڭ ماۋنەن مىللىتىنىڭ پۈتۈن مىللەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقىغا قارىتا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنداق تەكىتلىدى

نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى تېخىمۇ گۈزەل يېڭى تۇرمۇشقا ئاتلىنىشنىڭ يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، داۋاملىق كۆرەش قىلىپ، تۇرمۇشنى بارغانسېرى ياخشىلاش كېرەك

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا ماۋنەن مىللىتىنىڭ پۈتۈن مىللەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقىغا قارىتا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ماۋنەن مىللىتىنىڭ پۈتۈن مىللەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقىدىن، يۇرتداشلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، مەن ناھايىتى خۇشال بولدۇم. ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا، بىرمۇ مىللەت كەم قالسا بولمايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەت ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ پۈتۈن مىللەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇردى، بۇ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇھىم نەتىجە. يۇرتداشلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى تېخىمۇ گۈزەل يېڭى تۇرمۇشقا ئاتلىنىشنىڭ يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، داۋاملىق كۆرەش قىلىپ، تۇرمۇشنى بارغانسېرى ياخشىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھازىر، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ماۋنەن مىللىتىنىڭ پۈتۈن مىللەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقىغا قارىتا بەرگەن مۇھىم يوليورۇقى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كادىرلار، ئاممىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىلھاملاندۇردى ——

كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىكى قاتتىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىمىز

☐ **پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرلىرىمىز**

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ يېقىندا ماۋنەن مىللىتىنىڭ پۈتۈن مىللەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرغانلىقىغا قارىتا بەرگەن مۇھىم يوليورۇقى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى چەكسىز ئىلھاملاندۇردى، تېخىمۇ روھلاندۇردى. كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، تېخىمۇ كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، بارلىق كۈچلەرنى جەڭگە ئاتلاندۇرۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىكى قاتتىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى جاسارەت بىلەن قولغا كەلتۈرىمىز.

«بىرمۇ مىللەت كەم قالسا بولمايدۇ، باش شۇجىنىڭ غەمخورلۇقى ھەم رىغبەتلەندۈرگەنلىك ھەم ھەيدەكچىلىك قىلغانلىق.»

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

«شى جىنپىڭنىڭ شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىدىن تاللانما» نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە تارىخى ۋە ھۆججەت - ماتېرىيال تەتقىقات يۈرتى تەھرىرلىگەن «شى جىنپىڭنىڭ شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىدىن تاللانما» ناملىق كىتاب يېقىندا مەركىزىي ھۆججەت - ماتېرىيال نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتتە تارقىتىلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى 2019 - يىلىنى «ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش يىلى» قىلىپ، ئاساسىي قاتلامنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇۋاتقان شەكلىۋازلىق مەسىلىلىرىنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈمگە ئېرىشتى. بۇ يىل دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى دۇچ كەلگەن خەۋپ - خەتەر، خىرىسلار كۈچەيدى، يەنە يۇقۇمنىڭ تەسىرى قوشۇلۇپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى تېخىمۇ ئاشتى، ئىپسىل ئىستىل بىلەن خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتۇش تېخىمۇ زۆرۈر بولماقتا. يېقىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى ئۇقتۇرۇش بېسىپ تارقىتىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

باش شۇجىغا دوكلات · نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىمىز ③

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىش ئىدىيە جەھەتتىن ياردەم بېرىش، يۆلەشنى توختىتىپ قويماسلىق

> نامراتلارنى يۆلەشتە ئاۋۋال ئىرادە جەھەتتىن يۆلەش، ئىدىيە جەھەتتىن «نامراتلىق ئىلگى»نى سۇسلاشتۇرۇش كېرەك. ھەددىبىسلا نامراتلىقنى تىلغا ئېلىۋەرمەسلىك، ھەممىلا جايدا نامرات دەۋەرمەسلىك كېرەك.
>
> —— شى جىنپىڭ

☐ **پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرلىرىمىز لىيۇ شياڭ، ئۆتكۈر نىجات، سۇن يۈن، لۇ يىخەن**

نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك، نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئاكتىپ روھىي ھالىتىنى تۇرغۇزۇشقا ياردەم بېرىشنىڭ ھەرقانداق چاغدا ۋاقتى ئۆتمەيدۇ، بۇنى ھەرقانداق چاغدا بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇساپىسىگە پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى جەزمەن ئۈزلۈكسىز ئۇرغۇتۇش ۋە يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ھەل قىلغۇچ جېڭىدە بىرىنچى سەپكە قاراش ——

«ئەمگەكچان ئىككى قولغا تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش»

«گەرچە ئەمگەك قىلىش ئىقتىدارى بار نامرات ئاممىنىڭ ھەممىسى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن، ئىدىيە جەھەتتىن ياردەم بېرىش - يۆلەشنى توختىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ» «ھەر خىل پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئىرادە جەھەتتىن يۆلەش، ئەقىل جەھەتتىن يۆلەشنى سىجىل يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك» «قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ھەرىكەت ھالىتىدە كۆزىتىپ ئۆلچەشنى ياخشى ئىشلەپ، كىرىمگە ئەھمىيەت بېرىش، تېخىمۇ مۇھىمى، ئىدىيەگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك»… 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن يېگىسار ناھىيەسىنىڭ ئۇچار بازىرى تۆۋەن يارباغ كەنتىدە تۇرۇشلۇق 1 - شۇجى ياڭ مىڭ ئەتىگەنلىك خىزمەت يىغىنىدا كۆپچىلىك بىلەن پىكىر ئالماشتۇردى.

تۆۋەن يارباغ كەنتى ناھىيە بازىرىغا يېقىن بولۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەشتە تەبىئىي ئەۋزەللىكى بار، لېكىن ئىلگىرى نۇرغۇن كەنت ئاھالىسىنىڭ «ساقلاپ تۇرۇش، تايىنىۋېلىش، تەلەپ قىلىش» ئىدىيەسى ئېغىر ئىدى، ھەتتا بەزىلىرى تۆۋەن كاپالەت ئېلىشنى شەرەپ دەپ بىلەتتى. «جەزمەن كەنت ئاھالىلىرىنى ئىرادىسىنى كۈچەيتىپ، ئەمگەكچان ئىككى قولغا تايىنىپ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك.» 2017 - يىلى كەنتكە كېلىپ، چوڭقۇر زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، ياڭ مىڭ «ئىرادە جەھەتتىن يۆلەش، ئەقىل جەھەتتىن يۆلەش»نى كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»نىڭ نۇقتىلىق خىزمىتى قىلىپ، كۈچلۈك ئالغا سىلجىتىشنى قارار قىلدى.

«بىرگە بىر» سىڭىشىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا چوڭقۇرلاپ كىرىپ، تومۇر تۇتۇپ كېسەل كۆرۈپ، كېسەلگە قاراپ دورا بەردى؛ «بىرنى بىرى يېتەكلەش»نى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ئاممىنىڭ ئەتراپىدىكى بېيىش ماھىرلىرى ئارقىلىق كۆپچىلىكنى رىغبەتلەندۈردى؛ «بىرگە بىر ياردەم بېرىش» مۇلازىمىتىنى كۈچەيتىپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن يۆلەش پىلانىنى ماس كەلتۈرۈپ تۈزدى… تۆۋەن يارباغ كەنتى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كىرىمنى سىجىل، مۇقىم ئاشۇرۇشقا كۈچ سەرپ قىلدى. قانداقلا بولمىسۇن، نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇشتىكى ئەڭ ئاخىرقى مەقسەت ئاممىنى تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ پۇل تاپالايدىغان قىلىشتىن ئىبارەت.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

سكانېرلاپ سىنى كۆرۈڭ

مەملىكەتلىك ئىككى يىغىنغا بىۋاستە ئۇلاش

ئورتاق تونۇشنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

—— مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 - يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز

خەلق گېزىتى
باش ماقالىسى

باش يازدا بارلىق مەۋجۇداتلار ھاياتىي كۈچكە تولدى. بۈگۈن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 - يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى، 34 ساھەدىن كەلگەن 2000دىن ئارتۇق مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچنى زىممىسىگە ئېلىپ، بىر يەرگە جەم بولۇپ ھەقىقىي تەكلىپ بېرىپ، ياخشى تەدبىر بەلگىلەيدۇ. بىز يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!

يىلدا بىر قېتىم ئېچىلىدىغان مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى زور ئىش. تويۇقسىز يۈزبەرگەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى خەلقنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن ۋەزىيەتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، تەمكىن تاقابىل تۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى بىر نىيەتتە بولۇپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىشقا ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلدى. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشتا پائال نەتىجە - ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇھىم پەيتتە،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 - يىغىنى بۈگۈن چۈشتىن كېيىن سائەت 3تە ئېچىلىدۇ

13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنى بۈگۈن كەچتە تەييارلىق يىغىنى ئۆتكۈزىدۇ

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تېلېگراممىسى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 - يىغىنى 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 3تە بېيجىڭ خەلق سارىيىدا ئېچىلىدۇ.

ئېچىلىش يىغىنىدا، يىغىنغا قاتناشقان مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى سىياسىي كېڭەش مەملىكەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتى خىزمىتىدىن دوكلاتنى ۋە سىياسىي كېڭەش مەملىكەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سىياسىي كېڭەش 13 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 - يىغىنىدىن بۇيانقى تەكلىپ خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتىدۇ ۋە قاراپ چىقىدۇ.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بېيجىڭغا يېتىپ باردى

5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنىغا قاتنىشىدىغان شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى بېيجىڭغا يېتىپ باردى. ☐ پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى

پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرلىرىمىز لى ياڭ، **ياۋ تۇڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ۋە مەسئۇلىيەت بىلەن، ئۈمىد ۋە مۇھىم تاپشۇرۇقنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئايروپىلان بىلەن بېيجىڭغا يېتىپ باردى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

يىراقتىن خەۋەر قىلىش ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىش

مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن شىنجاڭ ئاخبارات مەركىزى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى

پۈتۈن تارانقۇ مۇخبىرىمىز لىيۇ **شياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، شىنجاڭ گېزىتخانىسى (شىنجاڭ گېزىتچىلىك تارانقۇ گۇرۇھى) ئۈرۈمچىدە قۇرغان 2020 مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن شىنجاڭ ئاخبارات مەركىزى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. تيانشان تورىدا قۇرۇلغان تور ئاخبارات مەركىزىمۇ ماس قەدەمدە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن شىنجاڭ ئاخبارات مەركىزى «ئانار بۇلۇت» سۇپىسى سىستېمىسىنىڭ توپلاشتۇرۇش ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

سكانېرلاپ ئاخبارات مەركىزىگە كىرىڭ